# ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم ۋە ئەڭ قاتتىق تەلەپ بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامانلىقى، ساغلاملىقىغا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، شاۋقۇننى تۈزەش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، داۋالاش ـ سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك كاپالەت خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، بىخەتەر، ئازادە بولغان ئىمتىھان مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى خىزمەت تەرتىپىنى قايتا رەتلەپ، قايتا تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا تەڭشەش، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش ـ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك. ئىمتىھان ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پۈتۈن تەرتىپلىك باشقۇرۇش، باشقۇرۇپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ھالقىلارنى يوچۇقسىز جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىمتىھان ئىشلىرى تەرتىپىنى چىڭىتىپ، ئىمتىھان ئىستىلى، ئىمتىھان ئىنتىزامىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، قىلچە يول قويماسلىق پوزىتسىيەسى بىلەن تۈرلۈك كۆز بوياپچىلىق قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنىۋېرسال تۈزەپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىمتىھاننىڭ ئادىل بولۇشى، تەرتىپىنىڭ ئاشكارا بولۇشى، نەتىجىسىنىڭ ھەققانىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاشكارا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىياسىتى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سالاھىيەتنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئارزۇ تولدۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش، خاتىرجەم قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتلەر قەتئىي تەۋرەنمەي تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋەزىپە ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار زىچ ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىمتىھان نۇقتىلىرىغا كېلىپ ئىمتىھان خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك، ئائىلە باشلىقلىرى ئەھمىيەت بېرىدۇ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدىكى بىر قېتىملىق ئالاھىدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى. مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنى كۈچەيتىپ، ئىمتىھان مەزگىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم، ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش لايىھەسىنى ئەتراپلىق تۈزۈپ ۋە قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ـ بىرتەرەپ قىلىش دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىمتىھان مەيدانىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيەلەشنى كۈچەيتىپ، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشنى ياخشى قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى ئىنچىكە ئويلىشىش، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىمتىھان بىخەتەرلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىمتىھان ئىستىلى، ئىمتىھان ئىنتىزامىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئىمتىھان ئىشلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرتىپلىرى ۋە ھالقىلىرىنىڭ نۇقسانسىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئادىل، سەممىي بولغان ئىمتىھان كەيپىياتى يارىتىپ، ھەربىر بالىنىڭ ھەممىسى كىشىلىك ھاياتتا ئۇتۇق قازىنىش پۇرسىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن قىلىش كېرەك. ئىمتىھان مەزگىلىدە قاتناشنى تەشكىللەش، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق تازىلىقى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك بىخەتەرلىكى، مېتېئورولوگىيەلىك ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە توك بىلەن تەمىنلەش كاپالىتى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، كەڭ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئازادە ئىمتىھان مۇھىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئائىلە ـ مەكتەپ ئالاقىلىشىش مېخانىزمى ۋە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ۋە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى مەكتىپىدىكى ئىمتىھان نۇقتىسىغا كېلىپ ئىمتىھان خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق، تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىمتىھان بىخەتەرلىكى، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىمتىھاننىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك، نۇقسانسىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەيدانغا كىرگەندە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، ئىمتىھان مەيدانىنى دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئايرىۋېتىلگەن ئىمتىھان مەيدانلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، كەڭ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىمتىھان ئىشلىرى خادىملىرىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىمتىھان سوئالى، ئىمتىھان قەغىزىنىڭ بىخەتەرلىكى، مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، ئىمتىھان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ، ياخشى تۇتۇپ، ھەرقايسى ھالقىلارنى قاتتىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كېرەك. ئىمتىھان ئىستىلى، ئىمتىھان ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئىمتىھان ئادىللىقىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك. مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بولغان پىسخىكىلىق يېتەكلەش ۋە ئادىمىيەت غەمخورلۇقىنى كۈچەيتىپ، ئىمتىھان تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغداپ، بىخەتەر، تەرتىپلىك بولغان ئىمتىھان مۇھىتىنى ئورتاق يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، جاۋ چىڭ، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار بىللە ئىمتىھان خىزمىتىنى تەكشۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر جۇڭگو بىلەن ئارگېنتىنا قاتارلىق لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنا بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى داۋاملىق پائال قانات يايدۇرۇشنى ھەم ئارگېنتىنانى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنا تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستانە ئالاقىسى ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو — ئارگېنتىنانىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

فېرناندېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقى ۋە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، بولۇپمۇ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئارگېنتىناغا ياردەم قولىنى سۇنغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. چىن مېھىر ـ مۇھەببەت ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ، مۇشۇنداق ئالاھىدە پەيتتە، بىز ئارگېنتىنا — جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىز ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ شانلىق مەزگىلىنى باشلاۋاتىمىز، ئارگېنتىنا — جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ھەم كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلىشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئايدىڭكۆلنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كۆلدە سۇ كۆلىمىنىڭ تەدرىجىي ئېشىشى، سۇلۇق يەر ئىقتىدارىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشى، رايون ئېكولوگىيەسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دەريا، كۆللەرنىڭ ئەبەدىي سۈزۈك بولۇشى ۋە يېشىل تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «ئايدىڭكۆلنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش، تۈزەش يىرىك پىلانى»نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، «ئايدىڭكۆل سۇلۇق يەرنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئومۇمىي يىرىك پىلانى»نى مۇۋاپىق تۈزۈپ، مەخسۇس تۈر مەبلىغى جەھەتتىكى قوللاشنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، سۇلۇق يەرنى پەرۋىش قىلىش، سۇلۇق يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىلمىي تەتقىق قىلىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى، بايلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىلمىي، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش كېرەك. دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئايدىڭكۆلنى ئۈچ يىل تۈزەش مەخسۇس ھەرىكەت لايىھەسى»نى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەت تىزىملىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش كېرەك. سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش بىلەن قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېقىن رايونىنىڭ سۇ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېقىن رايونىنىڭ سۇ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلمىي تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك. تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارماقلارنىڭ ماسلىشىش، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، ئايدىڭكۆل ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، دەريا ـ كۆللەرنىڭ قايتىدىن ئۆزلۈكسىز ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى كەسپ قۇرۇلما قىممىتىنى ئۆستۈرۈش، بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. باغ ـ ئورمانچىلىق بازىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، خاسلىقى روشەن، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى مۇكەممەل بولغان بىر تۈركۈم خاس باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش توپلانما رايونلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. باشلامچى كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەركىزى قۇرۇپ، ئىنچىكە پىششىقلاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» قاتارلىق تىجارەت ئەندىزىسىنى كېڭەيتىپ، زەنجىرسىمان ئامباردا سوغۇق ساقلاش، ئەشيا ئوبوروتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان جايغا يېقىن جايدا دەسلەپكى پىششىقلاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. چوڭ سانلىق مەلۇمات، نەرسە تورى، رايون زەنجىرى، 5G قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق پىششىقلاش كەسپىدە قوللىنىلىشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش كەسپلەر باغچە رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت سۈپىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىشىش، ئالاقىلىشىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. مالىيە جەھەتتىن يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ

# تەبىئىي ئاپەت ئۇنىۋېرسال خەۋپ ـ خەتىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياك** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ قېتىملىق تەبىئىي ئاپەت ئۇنىۋېرسال خەۋپ ـ خەتىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئەسىنى باھالاش، سەييارە تەكشۈرۈشتە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ھەم يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشتىكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ياخشى، بىخەتەر مۇھىت ياراتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 1 ـ قېتىملىق تەبىئىي ئاپەت ئۇنىۋېرسال خەۋپ ـ خەتىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ بىرىكمە كۈچىنى ھەقىقىي شەكىللەندۈرۈپ، يەرلىكنىڭ يولغا قويۇش لايىھەسىنى تېزدىن تۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ باھالاش، سەييارە تەكشۈرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، قاتتىق تۈزىتىپ، مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: گوۋۇيۈەن يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق ئىشتابى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان يېتەرسىزلىك ۋە ئاجىز ھالقىلار ھەمدە كونكرېت تەكلىپ ـ تەلەپلەرنى بىرمۇبىر، تۈرمۇتۈر تەتقىق قىلىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىتا تۈزىتىش پىكرى بېرىپ، تۈزىتىشتىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۈرمۇتۈر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

---

# شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى تۇتاشتۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو تۆمۈريولى 14 ـ ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇش قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان G30 شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 4 ـ توختام بۆلىكىدىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، قۇرۇلۇش خادىملىرى ئايرىش رېشاتكىلىرىنى جىددىي قويۇۋاتاتتى. بۇ تۈر ئاساسىي لىنىيەسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۇتاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئوتتۇرا يولىنىڭ قاتناش ئىقتىدارى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

«بىز مەسئۇل بولغان ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، قوشۇمچە ئەسلىھەلەرمۇ يېقىندا تاماملىنىدۇ.» جۇڭگو تۆمۈريولى 14 ـ ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى شياۋساۋخۇ ـ ئۈرۈمچى تۈرى 4 ـ توختام بۆلىكىنىڭ تېخنىكا مەسئۇلى فەن ۋېيفېڭ مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىش ئۈچۈن، بىز قۇرۇلۇش مۇددىتىنى ئەتىۋار تىزىپ، خادىملار ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ، ئادەم توختىسىمۇ ماشىنا توختىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاشنى ئىشقا ئاشۇردۇق».

شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلەك G30 لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەم ئۈرۈمچىگە كىرىپ ـ چىقىدىغان قاتناش مۇھىم يولى. شياۋساۋخۇ ـ ئۈرۈمچى بۆلىكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى قوش يۆنىلىشلىك تۆت ئاپتوموبىللىق يول بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ماڭىدىغان ئاپتوموبىل ئېقىم مىقدارىنىڭ تېز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يول بۆلىكىنىڭ «قاتنىغىلى بولسىمۇ راۋان بولماسلىق» ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە كۆرۈنەرلىك بولدى.

2016 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شياۋساۋخۇ ـ ئۈرۈمچى تۈردە ئىش باشلاندى، تۈرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى شياۋساۋخۇ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە جايلاشقان بولۇپ، ئاخىرقى نۇقتىسى ئۈرۈمچى شەھەر ئايلانما يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى شەرقىي لىنىيەسىدىكى ئۇلانباي ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 121 كىلومېتىر، پۈتۈن لىنىيەدە قوش يۆنىلىشلىك سەككىز ئاپتوموبىللىق يول يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تېخنىكا ئۆلچىمى قوللىنىلىپ ياسالغان بولۇپ، لايىھەدىكى سائەتلىك سۈرئىتى 120 كىلومېتىر.

شياۋساۋخۇ ـ ئۈرۈمچى تۈرىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن قوماندانى گۇەن چېڭجياڭ مۇنداق دېدى: بۇ تۈردە ئاي ئاخىرىدا قاتناش باشلاشقا تىرىشىلىدۇ، شۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا قاتناش ۋاقتىنىڭ بىر سائەتكە يېقىن قىسقىرىشىدىن ئۈمىد بار.

شياۋساۋخۇ ـ ئۈرۈمچى تۈرىگە بولتۇر ياسىلىپ قاتناش باشلانغان G30 ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇنغىچە بولغان بۆلەكنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە تۇرپاندىن شياۋساۋخۇغىچە بولغان بۆلەك تاشيولى قوشۇلسا، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئوتتۇرا يولىنىڭ قاتناش سۈرئىتى ۋە ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ.